# مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاڭ رۇڭجۈن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرى، تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت ھەرىكەت، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يېڭى ئورۇنلاشتۇرما، يېڭى تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور سىياسىي ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىدىغان، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەتنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن توغرىلىنىپ، شۇ رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى بويىچە مەخسۇس كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى پائال تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىستېمىلىق رەتلەپ، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ۋە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان سىياسىي ۋەزىپىنى ئورتاق ياخشى تاماملىشى كېرەك.

ۋاڭ رۇڭجۈن مۇنداق كۆرسەتتى: كۆزىتىش سىياسىي نازارەتچىلىكتۇر، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چىڭ كۆزلەپ، تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى، بولۇپمۇ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچكە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چىڭ كۆزلەپ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا قايتا يەتكۈزۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشقا قايتا يېتەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى قايتا مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتىنىڭ يېتەرلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا، ئەمەلىيەت، تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ۋە دۆلەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلكىلەر ئارا گىرەلەشمە تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، پەرقلەرنى توغرا تونۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، ھەربىر مەسىلە، ھەربىر تۈرلۈك پىكىر ـ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرغىچە تۇتۇش، جايىدا تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، نىشان ـ ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ھەقىقىي ئىشقا سېلىپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قىيىننىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا 20 كۈن ئەتراپىدا خىزمەت قىلىدۇ. كۆزىتىش مەزگىلىدە مەخسۇس نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 6072151 ـ 0991؛ مەخسۇس پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى A078 خەت ساندۇقى تەسىس قىلىنىدۇ. كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر كۈنلۈك تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى: سائەت 10:00دىن 20:00گىچە بولىدۇ. كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە تۈزىتىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرى ئىنكاس قىلىنغان خەت، تېلېفون، ئەرزىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆزىتىشنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان باشقا ئەرزىيەت، مەسىلە ئىنكاسلىرى بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مىللەتنىڭ گۈللىنىش مۇساپىسىگە سىڭىشىشكە يېتەكلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى، جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقىنى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يۆتكىلىش پۇرسىتى يارىتىپ، رايونلارنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق يۆتكىلىشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق يۆتكىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك.

تەرتىپلىك يۆتكىلىش يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، نوپۇس تۈزۈمى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئارقىلىق رايونلار ئارا يۆتكىلىشنى يېتەكلەش كېرەك. شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 3 مىليوندىن تۆۋەن شەھەرلەردە نوپۇس ئورنىتىش چەكلىمىسىنى ئومۇميۈزلۈك بىكار قىلىش، شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە بولغان چوڭ شەھەرلەرنىڭ نوپۇسقا ئورنىتىش شەرتىنى ئومۇميۈزلۈك كەڭ قويۇۋېتىش كېرەك. شەھەر رايونىدىكى دائىملىق نوپۇسى 5 مىليوندىن يۇقىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ نومۇر جۇغلانمىسى بويىچە نوپۇسقا ئېلىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نومۇر جۇغلانمىسى تۈرىنى ئىخچاملاپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تاپشۇرغان يىل چېكى ۋە ئولتۇراقلىشىش يىل چېكى نومۇرىنىڭ ئاساسلىق نىسبەتنى ئىگىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئورۇنلار ئارا يۆتكىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىختىساسلىقلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانا، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى خادىملارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا كىرىش يولىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. جاپالىق، چەت ـ ياقا رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام مەمۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئارخىپ مۇلازىمىتى ئىسلاھاتى ئارقىلىق كەسىپ ئالماشتۇرۇشنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

باھالاش، ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى خادىملارنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خادىملارنى مۇكاپاتلاش، ئىلھاملاندۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، تېخنىكا ـ ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش يولىنى كېڭەيتىش كېرەك.

تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق نامراتلار توپىنىڭ يۇقىرىغا يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئادىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ قىيىنچىلىقى بار خادىملارنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ يۆتكىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياخشى كەيپىيات بەرپا قىلىپ، «بەخت كۆرەش قىلىشتىن كېلىدۇ»دىن ئىبارەت ئاممىۋى پىكىر مۇھىتى شەكىللەندۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مۇجەسسەملىشى كېرەك.

### 2020 ـ يىللىق چاغانلىق يولۇچى توشۇش 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىدۇ

## شىنجاڭ بويىچە 18 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇش مۆلچەرلەندى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېيباۋ**نىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق چاغانلىق يولۇچى توشۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 ـ يىللىق چاغانلىق يولۇچى توشۇش خىزمىتى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدىكەن، جەمئىي 40 كۈن داۋاملىشىدىكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يولۇچى توشۇش مىقدارى تەخمىنەن 18 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن سەل ئاشىدىكەن.

چاغانلىق يولۇچى توشۇش مەزگىلىدە، ئوقۇغۇچىلار ئېقىمى، تۇغقان يوقلاش ئېقىمى، ئىشلەمچىلەر ئېقىمى گىرەلىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تاشيولدا يولۇچى توشۇش مىقدارى 9 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىم، تۆمۈريولدا يولۇچى توشۇش مىقدارى 5 مىليون 250 مىڭ ئادەم قېتىم، خەلق ئاۋىياتسىيەسىدە يولۇچى توشۇش مىقدارى 4 مىليون 150 مىڭ ئادەم قېتىم بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، ترانسپورت تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئومۇمىي مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۇلتۇرقىدىن سەل پەسىيىدىكەن. چاغاندىن بۇرۇن يولۇچىلار ئېقىمى مەركەزلىشىدىغان بولۇپ، تۆمۈريولنىڭ بىر قىسىم نۇقتىلىق يۆنىلىشى، خەلق ئاۋىياتسىيەسىنىڭ بىر قىسىم قىزىق نۇقتا لىنىيەلىرىدە توشۇش كۈچى بىرقەدەر جىددىي بولىدىكەن.

چاغانلىق يولۇچى توشۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچىلار ئېقىمى شىنجاڭ ئىچىدىكى يولۇچىلار ئېقىمىنى ئاساس قىلىدۇ، چاغان مەزگىلىدە ئۈرۈمچىدىن ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بارىدىغان ـ قايتىدىغان يولۇچىلار ئېقىمى بىرقەدەر مەركەزلىشىدۇ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان يولۇچىلار ئېقىمىدا چاغاندىن بۇرۇن شاڭخەي، چېڭدۇ، جۇڭچىڭ تەرەپكە بارىدىغان يولۇچىلار ئېقىمىنى ئاساس قىلىدۇ. شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى بېكىتىلگەن 117 جۈپ پويىزنى يولغا چىقىرىش ئاساسىدا، شىنجاڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭغىچە بولغان ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى يولۇچىلار پويىزىدىن 55نى كۆپەيتىشنى پىلانلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوق پويىز، «گۈللىنىش نامىلىق» ئوق پويىزنى قايتا ئۇلاپ يولغا چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ؛ شىنجاڭ سىرتىغا شاڭخەي، چېڭدۇ، جۇڭچىڭ قاتارلىق قىزىق يۆنىلىشتىكى يولۇچىلار پويىزىدىن 72نى كۆپەيتىشنى پىلانلىدى.

شىنجاڭ قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى 29 مىڭدىن ئارتۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى سەپلەپ يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن 800نى زاپاس تەييارلاپ، يولۇچىلار ئېقىمى يۇقىرى پەللىسىگە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىدى ھەم يولۇچىلار بېكەتلىرىنىڭ تورلاشتۇرۇپ بېلەت سېتىشتىن خەۋەردار بولۇش دەرىجىسى ۋە بېلەت سېتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، شارائىتى بار يولۇچىلار بېكەتلىرىنىڭ بېلەت يەتكۈزۈشتە ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

چاغانلىق يولۇچى توشۇش مەزگىلىدىكى قار ـ مۇز، تۇمان قاتارلىق ھاۋا رايىنىڭ تەسىرىگە قارىتا، شىنجاڭ خەلق ئاۋىياتسىيەسى تارماقلىرى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ۋە ئېقىم مىقدارىنى باشقۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ پىلان ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىدىن ئۇچۇش گۇرۇپپىسىنىڭ تېخنىكا كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، مۇرەككەپ ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاۋا رايى سەۋەبىدىن نۆۋەتچى ئايروپىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى كېچىكتۈرۈلگەن ئەھۋال كۆرۈلسە، خەلق ئاۋىياتسىيەسى تارماقلىرى ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يولۇچىلارنىڭ تېزدىن ئۆيىگە قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## ئاپتونوم رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن بۇيانقى ئاۋىياتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، يېقىنقى مەزگىلدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ساياھەتتە كۈچلۈك رايون بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىنى جىددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئاۋىياتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورت شەكلىنى قوللىنىپ، يولۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يۆتكەپ توشۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى؛ تېز سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئايرودرومنىڭ كاپالەت ئىقتىدارى ھەم يولۇچىلارنى يۆتكەپ توشۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، راۋان تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئاۋىياتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتنى ياخشى ئىشلەشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى؛ ھاۋا رايىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى تۈزۈپ، تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇددەتتىن 24 سائەت بۇرۇن ھۆكۈم قىلىپ تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەگىشىشكە ئۆزگەرتىشى؛ يىراقنى كۆزلەپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان ئاۋىياتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھەلەرنى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئاۋىياتسىيە ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتنى دائىملاشتۇرۇپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، كەسىپلەرنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش... شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەممىلا جايدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئېلىپ كەلگەن تەرەققىيات پۇرسىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سوغۇق ئېگىزلىكتە نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇياش نۇرىنى بايلىققا ئايلاندۇردى؛ قۇملۇق، قاقاسلىقتىن چىقىدىغان خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يوللىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى تاللا بازارلىرىغا كىردى؛ ئەمگەك ماھارىتى يوق ئاممىغا قارىتا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ۋاقىتتا كارخانىلارنىڭ سېخلىرى كەنت بېشىغىچە تەسىس قىلىندى، دېھقانلار كەچلىك مەكتەپتە ئادەم بىلەن لىق تولدى؛ سانسىزلىغان كونا كېسەك ئۆيلەر، گەمىلەر بىردىنلا ئازادە، پاكىز ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيلىرىگە ئايلاندى... شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە تېخىمۇ گۈزەل ماكان قۇرۇلۇپ چىقىپلا قالماستىن، قويۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتىمۇ يارىتىلدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگىرىشلەر كۆرەش قىلىش، جان تىكىپ ئېلىشىشتەك تەرەققىيات ئىقتىدارىدا ئىپادىلەندى، كەلگۈسىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىش ئىشەنچى ۋە جاسارىتىدە ئىپادىلەندى. «ھازىر ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما تالىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىز ياردەملىشىپ ئىشلەۋاتىمىز» دېدى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان بىر كادىر ئەينەن قىلىپ. مەركەزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمى بولسىلا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھى بولسىلا، شىنجاڭنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش، ئىلگىرىلەش ئاساسىنى پۇختىلىغىلى بولىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، شىنجاڭ خىزمىتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. تەرەققىيات يەنىلا شىنجاڭدىكى بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلارنىڭ خاس كەسپى، يېتىلگەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، مەھسۇلاتلارنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بەرگەندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلىغىلى بولىدۇ. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ ئۈمىد دەرۋازىسىنى ئېچىپ، زامانىۋى تۇرمۇش يۆنىلىشىنى يورۇتتى. بۇ، بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى جەزمەن پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىزغا ئىلھام بولدى.

بۇ يىل 7 ـ ئايدا ئېچىلغان 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋەزىيەت ھۆكۈمىگە بىرلىككە كەلتۈرۈش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىر تۈرلۈك دۆلەت ئىستراتېگىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، تۈرلۈك شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**(ئاپتورى خەلق گېزىتى مۇخبىرى، ھازىر شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن) (12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**